# 22203 ـ بەندە قىيامەت كۈنى سوراقا تارتىلىدىغان سۇئاللار قايسى ؟

## سۇئال

بىزگە قىيامەت كۈنىدىكى ئازاپلار ۋە سۇئال ـ سوراقلار ھەققىدە سۆزلەپ بىرەمسىلەر؟

## تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئالالاھقا بولسۇن .

قۇرئان ۋە ھەدىيستە ئىسپاتلانىدىكى ، بىر ئادەم ئۆلسە ، ئۇ بۇدۇنيادا قىلغان ياخشى بولسۇن ياكى ئەسكى بولسۇن بارلىق چوڭ ۋە كىچىك ئىشلىرى ئۈچۈن ھىساپ ـ كىتاپ قىلىنىدۇ . ياخشى ئىشقا مۇكاپاتلىنىدۇ ، ئەسكى ئىشقا جازالىنىدۇ . ھىساباتنىڭ بىرىنچى سەھنىسى قەبرىدە بولىدۇ . ئادەمدىن قەبرىدە سوراققا تارتىلىدىغان بىرىنچى نەرسە : پەرۋەردىگارىڭ كىم؟ دىنىڭ نىمە ؟ سىلەرگە ئەۋەتىلگەن بۇ كىشى كىم ؟ ، ئەبۇ داۋۇد سۈنەنىدە( 4753) نەقىل قىلغان بەرا بىن ئازىبنىڭ ھەدىيسىدە كەلگەندەك .

ئەلبانىي سەھىيە ئەبۇ داۋۇدتا (2979) ئۇنى سەھىيە دەپ تۆرگە ئايرىغان .

ئاندىن گەرچە ئۇ قەبرىدە سوراققا تارتىلغان بولسىمۇ ، قىيامەت كۈنى ھەر بىر چوڭ ۋە كىچىك ئىش ـ ئەمەللىرى ئۈچۈن سوراققا تارتىلىدۇ ھەمدە بىرىنچى بولۇپ سوراققا تارتىلىدىغان نەرسە بولسا ناماز .

ئەبۇ ھۇرەيرىدىن نەقىل قىلىنىدىكى ، پەيغەمبەر( ئالالاھنىڭ تەرپىلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) مۇنداق دىگەن : « قىيامەت كۈنى كىشىلەر ئىش ـ ئەمەللىرى ئىچىدە بىرىنچى بولۇپ سوراققا تارتىلىدىغان نەرسە بولسا ناماز . پەرۋەردىگارىمىز گەرچە ئۆزى ياخشى بىلسىمۇ ، پەرىشتىلەرگە دەيدۇ : بەندەمنىڭ نامىزىغا قاراڭلار ، تولۇقمىكەن ياكى كەممىكەن ؟ ئەگەر ئۇ تولۇق بولسا ، تولۇق دەپ خاتىرلىنىدۇ . ئەگەر ئۇ كەم بولسا ، ئۇ دەيدۇ : قاراڭلار ! بەندەمنىڭ نەپلى نامىزى بارمۇ ـ يوق ؟ ئەگەر ئۇنىڭ نەپلى نامىزى بولسا ، ئۇ : بەندەمنىڭ پەرىز نامىزىنى ئۇنىڭ نەپلە نامىزىدىن تولۇقلاڭلار ! دەيدۇ . ئاندىن قالدى ئىش ـ ئەمەللىرىمۇ شۇ ئۇسۇلدا تەكشۈرلىدۇ . » [ ئەبۇ داۋۇد نەقىل قىلغان ، 864 . ئەلبانىي سەھىيە ئەبۇ داۋۇدتا سەھىيە دەپ تۆرگە ئايرىغان ، 770 ]

قىيامەت كۈنى كىشىلەر باشقا ئىشلار ھەققىدىمۇ سوراققا تارتىلىدۇ :

ئىبنۇ مەسئۇدتىن( ئالالاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) نەقىل قىلىنىدىكى ، پەيغەمبەر ( ئالالاھنىڭ تەرپىلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) مۇنداق دىگەن : قىيامەت كۈنى ئادەم بالىسىنىڭ قەدىمى تاكى بەش نەرسە ھەققىدە سوراققا تارتىلماي تۇرۇپ پەرۋەردىگارىنىڭ ھوزۇرىدىن ئايرىلمايدۇ : ئۆمرىنى نىمە بىلەن ئۆتكەتتى ، ياشلىقىنى نىمە بىلەن قىرىتتى ، پۇل ـ مىلىنى قەيەردىن تاپتى ۋە نىمىگە خىراجەت قىلدى ، ھەمدە ئۇ ئىرشكەن بىلىمىگە قانداق ئەمەل قىلدى . [ تىرمىزىي نەقىل قىلغان ، 2422 .

ئەلبانىي ئۇنى سەھىيە تىرمىزىيدا ياخشى ھەدىيس دەپ تۆرگە ئايرىدى ، 1969 ]

ھەمدە قىيامەت كۈنى ئۈممەتلەر سوراققا تارتىلىدۇ :

ئەلچىلەرگە نىمە دەپ جاۋاپ بەردىڭلار ؟ [ قەسەس( ھىكايىلەر) : 65 ]

بۇلار بولسا بەندە قىيامەت كۈنى سوراققا تارتىلىدىغان بىر قىسىم نەرسىلەر بولۇپ ، ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇشقا ھىرىسمەن دانا بەندە بۇ سۇئاللارغا جاۋاپ تەييارلىشى كىرەك .

ئاللاھتىن بىزنى توغرا يولغا يېتەكلىشىنى سورايمىز .

ھەمدە ئاللاھ ياخشى بىلىدۇ .